# يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«13 ـ بەش» يىل مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز باشتىن ـ ئاخىر ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، ئاشلىق ئۈنۈبېرسال ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، كۈزگى بۇغداينىڭ ئەڭ يۇقىرى بىرلىك ھوسۇلدا ئۇدا يېڭى رېكورت ياراتتى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئاشلىق مەھسۇلات مىقدارى 15 مىليون توننا ئەتراپىدا مۇقىملاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق مىقدارى مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيەسىدىن يۇقىرى بولدى. كېۋەز كۆلىمى، بىرلىك مەھسۇلات، ئومۇمىي مەھسۇلات، تاۋار مىقدارى، يۆتكەپ چىقىرىلىش مىقدارى ئۇدا 26 يىل پۈتۈن مەملىكەت بويىچە بىرىنچى ئورۇندا مۇقىم تۇرۇپ، سۈپەتلىك پاختا ئىشلەپچىقىرىش بازىسلىق ئورنى سىجىل مۇستەھكەملەندى.

2019 ـ يىلى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ گۆش، تۇخۇم، سۈت مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 606 مىڭ توننا، 405 مىڭ توننا، 2 مىليون 40 مىڭ تونناغا يېتىپ، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «12 ـ بەش» يىلىنىڭ ئاخىرىدىكىدىن %12، %24، %31 ئاشتى. ئاھالىلەر مول «كۆك ـ تاق» مەھسۇلاتلىرى بىلەن تەمىنلەندى، تەمىنلەش يېتەرلىك بولدى. خاس زىرائەت تېرىلغۇ كۆلىمى 10 مىليون مودىن ئېشىپ، كەسىپ رىقابەت ئەۋزەللىكى يەنىمۇ گەۋدىلەندى.

ئاپتونوم رايونىمىز تەمىنلەش ئىقتىدارىنى مۇقىم ئاشۇرۇش ئاساسىدا، يېزا ئىگىلىكىدىكى تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئارقىلىق، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سۈپىتى، ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ سۈپەتلىك ئۇرۇقلۇق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى %99تىن ئاشتى، جەنۇبىي شىنجاڭدا «ئاشلىقنى سورتىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش»نىڭ يۈز بېرىش نىسبىتى %1تىن تۆۋەن بولدى، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا تارماقلىرى تۇجۇپىلەپ تېرىش، سۇ بىلەن ئوغۇتنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قاتارلىق زامانىۋى تېرىقچىلىق، پەرۋىش تېخنىكىسىنى توپلاشتۇرۇپ كېڭەيتىپ، بۇغداي ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئەۋزەل ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىغا مەركەزلىشىشىگە پائال يېتەكچىلىك قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭدا مېۋە بىلەن كېۋەزنى كىرىشتۈرۈپ تېرىش كۆلىمىنى يەنىمۇ ئازايتىپ، كېۋەز تېرىشتا ئوخشاش ئېكولوگىيەلىك رايوندا «بىر ئاساسلىق، ئىككى قوشۇمچە» بولىدىغان ئۇرۇق سېلىش ئەندىزىسىنى سىجىل كېڭەيتتى، ئاساسلىق تېرىلىدىغان كېۋەز سورتىنىڭ سانىنى بەش يىل ئىلگىرىكى 200 نەچچىدىن 60 نەچچىگە ئازايتىپ، سورتى كۆپ، قالايمىقان، ئارىلاش بولۇش ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتتى، پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى كۆلەملەشتۈرۈش، تۈجۈپلەشتۈرۈش سەۋىيەسىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردى، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە پاختىدا شىنجاڭغا قاراش ئەندىزىسى ئومۇميۈزلۈك شەكىللەندى.

### يېزا ـ كەنتلەر تېخىمۇ گۈزەللەشتى تۇرمۇش تېخىمۇ شېرىن بولدى

يېزا مۇھىتىنىڭ ياخشىلانغانلىقىنىڭ پايدىسىنى كۆرگەن لوپ ناھىيەسى چارباغ يېزىسى كوچا ئېرىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئارزىگۈل مەمەت پۈتۈنلەي يېڭى تۇرمۇشقا ئېرىشتى.

«ئىلگىرى، كەنت يوللىرى توپا يول ئىدى، ھەم تار، ھەم مېڭىش تەس ئىدى؛ ھازىر، كەنت يوللىرى ئاسفالت يول بولدى، كەڭ ھەم پاكىز. كەنت مۇھىتى ياخشىلاندى، بىز دېھقانلار ئارامگاھنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق كىرىممىزنى ئاشۇردۇق» دېدى ئارزىگۈل. بۈگۈنكى كۈندە، كوچا ئېرىق كەنتى ناھىيە بازىرىغا يېقىن بولۇشتەك رايون ئەۋزەللىكى ۋە يېپيېڭى كەنت قىياپىتىگە تايىنىپ، لوپ ناھىيەسىدىكى ئاممىنىڭ ناھىيە ئەتراپى ساياھىتىدىكى قارشى ئېلىنىدىغان جايىغا ئايلاندى.

پاكىز ھاجەتخانىلار تېز ئومۇملاشتى، پاسكىنا، قالايمىقان، ناچار مۇھىت كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، ئەخلەت، يۇندىنى تۈزەش ئىقتىدارى مۇقىم ئاشتى... «13 ـ بەش» يىل مەزگىلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا يېزىلارنىڭ قىياپىتىدە غايەت زور ئۆزگىرىش بولدى، گۈزەل كەنتلەر «سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغلار ساقلاپ قېلىنغان، يۇرتنى سېغىندۇرىدىغان» ياخشى جايغا ئايلاندى.

پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى 9100دىن كۆپرەك مەمۇرىي كەنت دېھقانلار ئۆزلىرى قول سېلىپ قىلالايدىغان، ئاسان يولغا قويغىلى بولىدىغان، ئاسان ئۈنۈمى كۆرۈلىدىغان كەنتلەرنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى تۈزەشتىن قول سېلىپ ئىشلەپ، شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئاساندىن قىيىنغا ئۆتۈپ، كەنتلەرنى تازىلاش ھەرىكىتىنى تەدرىجىي ئالغا سىلجىتتى، يېزىلاردىكى تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى تازىلاش، يېزىلاردىكى ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرنى تازىلاش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلىدى، دېھقانلارنى ئىلمىي، ساغلام تۇرمۇش ئادىتى ۋە مۇھىت ئاسراش ئېڭىنى يېتىلدۈرۈشكە يېتەكلىدى. كەنت قىياپىتى ياخشىلىنىش بىلەن بىللە، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىپ، ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشتى، زامانىۋى مەدەنىي تۇرمۇش ئۇسۇلى ئومۇمىي كەيپىياتقا ئايلاندى.

ئاۋات ناھىيەسىنىڭ دولان يېزىسى ئۆستۈنكى دولان كەنتىدە ھازىر، ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىپ بىر تەرەپ قىلىش كەنت ئەھدىنامىسىگە كىرگۈزۈلۈپ، قۇرۇلۇش ئەخلەتلىرى، تۇرمۇش ئەخلەتلىرى، يىغىۋېلىشقا بولىدىغان ئەخلەتلەرنى تۈرگە ئايرىپ يىغىش كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئادىتىگە ئايلاندى.

كەنت قىياپىتىنىڭ ياخشىلىنىشىغا، شەھەر ـ يېزا ئۇل ئەسلىھە پەرقىنىڭ يەنىمۇ كىچىكلىشىگە، يېزىلارنىڭ تەرەققىياتىدىكى كەمتۈكلۈكلەرنىڭ تەدرىجىي تولۇقلىنىشىغا، دېھقانلارنىڭ گۈزەل ھويلا ـ ئارانلىرىغا يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنىڭ كۈچلۈك ھاياتىي كۈچى مۇجەسسەملەندى. «13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزىلاردا پاكىز ھاجەتخانا 2 مىليون 426 مىڭ 600 ئائىلىنى قاپلىدى، ئومۇملىشىش نىسبىتى %84.95كە يەتتى؛ تۇرمۇش ئەخلەتلىرى، يۇندىنى تۈزەش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، يېزىلاردىكى مۇنتىزىم بولمىغان ئەخلەت دۆۋىلىرىنىڭ ھەممىسى تەرتىپكە سېلىندى، تۇرمۇش ئەخلەتلىرىنى ئۈنۈملۈك بىر تەرەپ قىلىش نىسبىتى %87.15كە، تۇرمۇش يۇندىلىرىنى ئۈنۈملۈك تۈزەش نىسبىتى %27.98كە يېتىپ، يېزا مۇھىتى تاشقى گۈزەللىكتىن ئىچكى گۈزەللىككە، سىجىل گۈزەللىككە قاراپ ئۈزلۈكسىز ئۆزگەردى.

### ئىسلاھات چوڭقۇرلاشتۇرۇلدى يېزىلار جانلاندى

پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش سۈپىتى، ئۈنۈمىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىشىنىڭ ئارقىسىدا، ئىسلاھات ئېلىپ كەلگەن تەرەققىيات پايدىسى بار. بۈگۈنكى كۈندە، كۆلەملەشكەن، تۈجۈپلەشكەن، ئۆلچەملەشكەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ئاپتونوم رايونىمىز يېزا ئىگىلىكىنىڭ زامانىۋىلىشىشقا قاراپ ئاتلانغانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى بولۇپ قالدى، بۇ تەرەققىيات شەكلىگە تىرەك بولغىنى يېزا يەرلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنىڭ تەرتىپلىك ئوبوروت قىلىنىشى بولدى.

«يەرلەر بىرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىن، كېۋەزلىكىمىزنىڭ مەھسۇلات مىقدارى خېلىلا ئاشتى» دېدى مارالبېشى ناھىيەسى چوڭقۇرچاق يېزىسى ئاقتوغراق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەخسۇم ئابلەت خۇشال ھالدا، ئۇنىڭ ئائىلىسىنىڭ يەرلىرىنى بىرلەشتۈرۈش تاماملانغاندىن كېيىن، سۇ تېجەپ سۇغىرىش، ماشىنىلاشقان مەشغۇلات قاتارلىق يېڭى تېخنىكىلارنىڭ ھەممىسى قوللىنىلىپ، پاختىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى ئىلگىرىكى 200 كىلوگرامدىن 380 كىلوگرامغا يەتتى.

«13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېزا ئاساسىي ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈمى يەنىمۇ مۇستەھكەملىنىپ، مۇكەممەللەشتۈرۈلۈپ، دۆلەت چۈشۈرگەن 35 مىليون 620 مىڭ مو يېزا كوللېكتىپ تېرىلغۇ يېرىنىڭ ھوقۇق تەۋەلىكىنى بېكىتىش، تىزىملاش، كىنىشكا تارقىتىش خىزمىتى ۋەزىپىسى تاماملىنىپ، 1 مىليون 806 مىڭ 100 ئائىلىلىك دېھقان ئائىلىسى يېزا يەر ھۆددىگەرلىكىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى كىنىشكىسىغا ئېرىشىپ، ئائىلىلەر ھۆددىگە ئالغان تېرىلغۇ يەرنىڭ ئوبوروتى ئىشەنچلىك تۈزۈم كاپالىتىگە ئىگە قىلىندى. نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئائىلىلەر ھۆددىگە ئالغان تېرىلغۇ يەرنىڭ ئوبوروت كۆلىمى 10 مىليون 600 مىڭ مودىن ئاشتى، ئائىلىلەر ھۆددىگە ئالغان تېرىلغۇ يەر ئومۇمىي كۆلىمىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %36تىن ئاشتى، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۆلچەملىشىش، كۆلەملىشىش، تۈجۈپلىشىش سەۋىيەسى يەنىمۇ ئۆستى.

بۇ جەرياندا، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى بىر نۆۋەتلىك يېزا ئۆيلۈك يەر تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتى ئوڭۇشلۇق باشلىنىپ، يېزا كوللېكتىپ مۈلۈك ھوقۇقى تۈزۈمى ئىسلاھاتى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلدى. پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئائىلىۋى دېھقانچىلىق مەيدانلىرى، دېھقانلار ھەمكارلىق كوپېراتىپلىرى قاتارلىق يېڭىچە يېزا ئىگىلىك تىجارەت سۇبيېكتلىرى 28 مىڭدىن ئېشىپ، دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپېراتىپى ئەزالىرى ھەم ئۇلار تۈرتكە بولغان ئەزا بولمىغانلار سانىنىڭ ئومۇمىي دېھقان ئائىلىسىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى %38تىن ئاشتى.

ھەمكارلىق كوپېراتىپى ھەم يېڭىچە تىجارەت سۇبيېكتلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشى پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش سۈپىتى، ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، ئۇششاق دېھقان ئائىلىلىرى بىلەن زامانىۋى يېزا ئىگىلىك تەرەققىياتىنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم ۋاستىگە ئايلاندى.

«13 ـ بەش يىل»دىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يەر ئوبوروتى ئاساس، ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ يېتەكچىلىكى تۈرتكە قىلىنىپ، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا جابدۇقلىرىنىڭ تىرەكلىك ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئاشۇرۇلدى، پاختىنى ماشىنىدا يىغىش كۆلىمى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مىليون مودىن ئېشىش سۈرئىتىدە تېز ئاشتى، ئاساسلىق دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى تېرىش، يىغىشنى ئۈنۈبېرسال ماشىنىلاشتۇرۇش سەۋىيەسى %84.89كە يېتىپ، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتتى.

# ئاپتونوم رايونىمىز پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتتى

## پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيلى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل غوپۇر** خەۋەر قىلىدۇ: پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلى دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىكى مۇھىم بايلىق ۋە مۇھىم ۋاستە، پارتىيەنىڭ ئىدېئولوگىيە خىزمىتىنىڭ ئاساسىي بازىسى. جۇڭگو پوچتا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى شىنجاڭ رايونلۇق شۆبە شىركىتى پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنى تارقىتىش خىزمىتىنى بىر تۈرلۈك مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە تۇتۇپ، كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرى بىلەن ماسلىشىپ، شەھەر، ناھىيە قاتلىمى دەرىجىلىكنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئۇدۇللىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مۇشتەرى قوبۇل قىلىشنى تەشكىللىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەپ، «خەلق گېزىتى»، «ئىزدىنىش» ژۇرنىلى، «نۇر گېزىتى»، «ئىقتىساد گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «بۈگۈنكى شىنجاڭ» قاتارلىق نۇقتىلىق پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنىڭ تارقىتىلىش مىقدارىنىڭ مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

تارقىتىش، مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتىنى سۈپەتكە، سانغا كاپالەتلىك قىلغان ھالدا يۇقىرى ئۈنۈمدە تاماملاش ئۈچۈن، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى قاتتىق ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتىدە، جۇڭگو پوچتىسى شىنجاڭ رايونلۇق شۆبە شىركىتى مۇشتەرى قوبۇل قىلىش مۇلازىمىتىنى ياخشىلاپ ۋە ئۆستۈرۈپ، ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ پوچتا مۇلازىمىتى قىلىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق، ناھىيەلەر تەۋەسىدە ئومۇميۈزلۈك مۇشتەرى قوبۇل قىلىنماسلىق ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلاشقا تۈرتكە بولۇپ، پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىنىڭ بىخەتەر، راۋان يەتكۈزۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. توردا مۇشتەرى بولۇشنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، نەق مەيداندا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، ئىشىك ئالدىغا بېرىپ مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، كۆزنەكتە مۇشتەرى قوبۇل قىلىش، تارقىتىش پونكىتلىرىدا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ۋە ۋېيشىن ئارقىلىق مۇشتەرى قوبۇل قىلىش قاتارلىقلارنى قانات يايدۇرۇپ، ئورۇنلار، شەخسلەرنىڭ كۆپ خىل مۇشتەرى بولۇش تاللىشى ۋە مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، يېڭى تارقىتىش يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز ئاچتى. پوچتا يوللىرى تور نۇقتىلىرى ۋە خېرىدار بايلىقى ئەۋزەللىكىنى پائال جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، بىۋاستە قاراشلىق ئورۇنلار قاتارلىق ئالاقىدار تارماقلارنىڭ تەشۋىقات بىلەن قاپلىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، تارقىتىش خىزمىتىنى يۇقىرى سۈپەتتە ئالغا سىلجىتتى. تۈنجى يەتكۈزۈلۈشنى ئۇقتۇرۇش تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، گېزىت ـ ژۇرناللارنىڭ رەتلىك، پاكىز ۋە ۋاقتىدا، دەل جايىدا يەتكۈزۈلۈشىنى ساقلاپ، يەتكۈزۈش سۈپىتىنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، 2021 ـ يىللىق پارتىيە گېزىتى، پارتىيە ژۇرنىلىغا مۇشتەرى بولۇش خىزمىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

داۋالاش مۇلازىمىتى باھاسىنى باشقۇرۇشنى مېخانىزملاشتۇرۇش، دائىملاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسى تۈرگە ئايرىپ ئالغا سىلجىتىش شەكلىدە داۋالاش مۇلازىمىتى باھاسى ئىسلاھاتىنى قانات يايدۇردى ھەم بۇ يىل 9 ـ ئايدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ داۋالاش مۇلازىمىتى باھا ئۆلچىمى (2017 ـ يىللىق نۇسخىسى)»غا مەركەزلىك تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، داۋالاش مۇلازىمىتى باھاسى تۈرىدىن 157نى تەڭشەپ، بىر يۈرۈش داۋالاش مۇلازىمىتى باھاسى تۈرىنى تەڭشەش ـ قېلىپلاشتۇرۇش تەرتىپىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردى.

«بىز تېببىي دورا باھاسى ۋە خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىش مېخانىزمى ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، تېببىي دورا باھاسى ۋە خېرىدار چاقىرىپ سېتىۋېلىش تۈزۈمىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ تېببىي دورا يۈكىنى ھەقىقىي يېنىكلىتىمىز» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى ۋاڭ جىخۇا.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

1 ـ ئايدىن 11 ـ ئايغىچە، شىنجاڭ ئېلېكتر تورى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۆلچىمىدىكى توك چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىدىن ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى 3353 سائەت بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 223 سائەت ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، شامال ئېلېكترى 2119 سائەت بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 74 سائەت ئاشقان؛ يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسىدىن توك چىقىرىش 1405 سائەت بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 68 سائەت ئاشقان. شىنجاڭ ئېلېكتر تورى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۆلچىمىدىكى ئومۇمىي توك چىقىرىش مىقدارى 320 مىليارد 371 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %11.79 ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، شامال ئېلېكترى 40 مىليارد 837 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %6.71 ئېشىپ، ئومۇمىي توك چىقىرىش مىقدارىنىڭ %12.75نى ئىگىلىگەن؛ يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسىدىن توك چىقىرىش 14 مىليارد 38 مىليون كىلوۋات سائەت بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن %13.33 ئېشىپ، ئومۇمىي توك چىقىرىش مىقدارىنىڭ %4.38نى ئىگىلىگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى مۇنداق بىلدۈردى: كېيىنكى قەدەمدە، شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى يەتكۈزۈش، ئىشلىتىش شارائىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئاساسىدا، يېڭى ئېنېرگىيە بازىسى تور قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىپ، شامال ئېلېكترىنى تەكشى باھادا تورغا چىقىرىش تور قۇرۇلۇشىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، تارقاق شەكىلدىكى شامال ئېلېكتر تور قۇرۇلۇشىنى قوللاپ، يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسىدىن چىقىرىلغان توكنى تەكشى باھادا تورغا چىقىرىش تورى، يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسى تەرەپلىك ئېنېرگىيە ساقلاش ۋە يېڭى ئېنېرگىيە توپلاش پونكىتلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈش شەكلىدە ئېنېرگىيە ساقلاشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش تور قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، شامال ئېلېكتر، يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسى كەسىپلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلىپى بويىچە، ئىشەنچنى چىڭىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش كېرەك.

شەۋكەت ئىمىن دوختۇرخانا، كارخانا، قۇرۇلۇش ئورۇنلىرى ۋە ئاممىنىڭ ئۆيلىرىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، شۇ جاينىڭ دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش ۋە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش، مۇقىم ئىش ئورنىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش ھەم كەسىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى تەپسىلىي ئىگىلىدى.

نىيە ـ لوپ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولىنىڭ K2317+300 ئالدىن ياساش مەيدانىنىڭ ئارىلاشتۇرۇش پونكىتىدا شەۋكەت ئىمىن مۇنداق تەكىتلىدى: دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىپ، مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرىغا پائال تۈرتكە بولۇپ، يۇقىرى سۈرئەتلىك يولنىڭ بالدۇرراق پۈتۈپ قاتناش باشلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ھەر مىللەت ئاممىغا نەپ يەتكۈزۈش كېرەك.

چىرا ناھىيەسىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ياسىمچىلىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ئېلېكترونلۇق كەسىپلەر باغچىسىدا، شەۋكەت ئىمىن كارخانا مەسئۇللىرى ۋە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ، كارخانىلارنىڭ ئاممىنىڭ ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۈرتكە بولۇشى قاتارلىق ئەھۋاللارنى تەپسىلىي ئىگىلىدى. ئۇ مۇنداق كۆرسەتتى: يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە پائال سىڭىشىپ، ئېلېكترونلۇق كەسىپلەرنى زورايتىپ، كۈچەيتىپ، كەسىپلەرنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ، ئاممىنىڭ كىرىمىنى سىجىل مۇقىم ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

چىرا ناھىيەسىنىڭ ئانارگۈلى مەھەللىسى باشقا جايغا كۆچۈرۈلگەن مەھەللە بولۇپ، ئاھالە مەتتۇرسۇن مەتتۇردى ئائىلىسىنىڭ بۇ يىلقى كىشى بېشى ساپ كىرىمى 14 مىڭ يۈەنگە يەتتى. شەۋكەت ئىمىن ئۇنى ئىشەنچنى چىڭىتىپ، پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنى تىرىشىپ ئىشلەپ بېيىشقا يېتەكلەپ، كىرىمنى سىجىل ئاشۇرۇپ، تۇرمۇشنى تېخىمۇ گۈزەل قىلىشقا رىغبەتلەندۈردى.

شەۋكەت ئىمىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنى تاماملاشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەش، كېڭەيتىش كېرەك. «تۆتنى توختاتماسلىق»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، «سەككىزنى ئۆزگەرتمەسلىك»كە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈشنى كۈچەپ ياخشى تۇتۇپ، خاس كەسىپلەرنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يۆنىلىشىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مۇقىم ئىش ئورنىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ئىنچىكە تۇتۇش، پۇختا تۇتۇش كېرەك. كۆزىتىپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىشنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەرىكەت ھالىتىدە ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك. نامراتلارنى يۆلەش بىلەن ئەقىل جەھەتتىن يۆلەشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى نۇقتىلىق كۈچەيتىش كېرەك. مائارىپ ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشكە تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن تەرەققىي قىلالايدىغان بولۇش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، رەھبەرلىك مەسئۇلىيىتىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

نامراتلارنى يۆلەش بازىسىنى قۇرۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولدى.

مۇخبىرنىڭ 12 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تيەنجىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىدىن ئىگىلىشىچە، نۆۋەتتە، «گۈزەل قاشتېشى مەززىلىك نانلىرى» نامراتلارنى يۆلەش بازىسى ھەر كۈنى ھەر خىل ناندىن 15 مىڭنى ئىشلەپچىقىرالايدىغان بولۇپ، 122 كىشى بۇ يەردە مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشقان، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ مائاشى ھەر ئايدا 2000 يۈەندىن 4500 يۈەنگىچە بولۇپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 87 نامرات ئاھالىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولغان.

شۇ جايدىكى دېھقان مەمەتجان ئوسمان ئىلگىرى ئىزچىل پەسىل خاراكتېرلىك ئىشلەمچىلىك قىلاتتى، «بۇ يىل 4 ـ ئايدا بازىغا بېرىپ ئىشلىدىم، ھازىر ئايدا 4000 يۈەن مۇقىم كىرىم قىلىمەن».

«گۈزەل قاشتېشى مەززىلىك نانلىرى» نامراتلارنى يۆلەش بازىسى گۈلقەنت نان، ياڭاق نان قاتارلىق كۆپ خىل ناننى ئىشلەپچىقىرىدۇ، بازىنىڭ مەھسۇلاتلىرى تيەنجىندىكى ھەرقايسى چوڭ بازار، تاللا بازارلىرىغا بىۋاستە يەتكۈزۈلىدۇ. تيەنجىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، تيەنجىن شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش بويىچە خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنىڭ ياردىمىدە، «گۈزەل قاشتېشى مەززىلىك نانلىرى» نامراتلارنى يۆلەش بازىسى تيەنجىندە 1 مىليوندىن ئارتۇق نان ساتقان بولۇپ، قىممىتى 3 مىليون يۈەندىن ئاشىدىكەن.

تيەنجىن شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتى ئالدىنقى سەپ قوماندانلىق ئىشتابى مۇنداق بىلدۈردى: بۇنىڭدىن كېيىن كېرىيە ناھىيەسىنىڭ نانچىلىق كەسپىنىڭ تەرەققىياتىغا يەنىمۇ تۈرتكە بولۇپ، «گۈزەل قاشتېشى مەززىلىك نانلىرى» نامراتلارنى يۆلەش بازىسىنىڭ كۆلەملىشىش، كەسىپلىشىش، بازارلىشىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۇنى دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم سۈپىغا ئايلاندۇرىمىز.